# ئايالLارغا ياخشى مۇئامىلىدە بولۇڭلار، ھەقىقەتەن ئايال كىشى قوۋۇرغىدىن يارىتىلغان، قوۋۇرغىلارنىڭ ئەڭ ئەگرىسى ئەڭ ئۈستىدىكىسى بولىدۇ. ئەگەر ئۇنى رۇسلايمەن دېسەڭ، سۇندۇرۇپ قويىسەن ۋە ئەگەر ئۇنى تاشلاپ قويساڭ ئاشۇنداق ئەگرى تۇرىۋېرىدۇ، شۇڭا ئايالLارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىڭلار

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بايان قىلغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ئايالLارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىڭلار، ھەقىقەتەن ئايال كىشى قوۋۇرغىدىن يارىتىلغان، قوۋۇرغىلارنىڭ ئەڭ ئەگرىسى ئەڭ ئۈستىدىكىسى بولىدۇ. ئەگەر ئۇنى رۇسلايمەن دېسەڭ، سۇندۇرۇپ قويىسەن ۋە ئەگەر ئۇنى تاشلاپ قويساڭ ئاشۇنداق ئەگرى تۇرىۋېرىدۇ، شۇڭا ئايالLارغا ياخشى مۇئامىلىدە بولۇڭلار. يەنە بىر رىۋايەتتە: «ئايال كىشى دېگەن قوۋۇرغىغا ئوخشايدۇ، ئەگەر رۇسلايمەن دىسەڭ سۇندۇرۇپ قويىسەن، ئەگەر ئۇنىڭدىن پايدىلانساڭ، شۇ ئەگرىلىكى بىلەن تۇرۇقلۇق پايدىلىنالايسەن». يەنە بىر رىۋايەتتە: « ئايال كىشى دېگەن قوۋۇرغىدىن يارىتىلدى، ئۇ ھەرگىزمۇ بىرخىل يولدا راۋۇرۇس بولالمايدۇ، ئەگەر ئۇنىڭدىن پايدىلانساڭ، شۇ ئەگرىلىكى بىلەن تۇرۇقلۇق پايدىلىنالايسەن، ئەگەر ئۇنى رۇسلايمەن دېسەڭ، سۇندۇرۇپ قويىسەن، ئۇنىڭ سۇنغىنى تالاق قىلىنغىنىدۇر

[ھەدىسنىڭ ھەر ئىككى رىۋايىتى بۇخارى ۋە مۇسلىم تەرىپىدىن رىۋايەت قىلىنغان] - [سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ئىمام مۇسلىم"سەھىھ مۇسلىم"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئايالLارغا قانداق مۇئامىلە قىلىش توغرۇلۇق خەۋەر بېرىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «مېنىڭ سىلەرگە قىلغان بۇ ۋەسىيتىمگە قۇلاق سېلىڭلار!، ئۇ بولسىمۇ: سىلەر ئايالLارغا ياخشى مۇئامىلىدە بولۇشۇڭلار كېرەك». چۈنكى ئايالLار ئەقىل پاراسەتتە، دىندا، تەپەككۇر قىلىشتا ۋە پۈتۈن ئىشلىرىدا كەمچىلLىكتىن خالى بولالمايدۇ، چۈنكى ئۇلار قوۋۇرغىدىن يارىتىلغان. ئۇنداق بولۇشى ئاللاھ ئادەم ئەلەيھىسسالامنى ئاتا-ئانىدىن ياراتماستىن، بەلكى ئۇنى تۇپىدىن ياساپ، ئۇنىڭغا «بول» دېگەن بۇيرۇقنى قىلىپ، ئۇنى پەيدا قىلدى. ئاللاھ تائالا ئۇنىڭدىن بۇ مەخلۇقاتنى ئاۋۇتۇشنى ئىرادە قىلغاندا، جۈپتىنى ئۇنىڭ ئەگرى قوۋۇرغىسىدىن ياراتتى. ئەگەر ئۇنىڭدىن پايدىلىناي دېسەڭ، ئۇنىڭ شۇ ئەگرىلىكى بىلەن پايدىلىنىسەن، ئەگەر ئۇنى رۇسلايمەن دېسەڭ، ئۇنى سۇندۇرۇپ قويىسەن. بۇ ئايال كىشىمۇ ئەگەر كىشى پايدىلىناي دەپ قالسا، ئۇنىڭ شۇ ئەگرىلىكى بىلەن پايدىلىنالايدۇ، يەنى ئۇنىڭ قولىدىن كەلگىنىگە رازى بولۇپ ياشايدۇ. ئەگەر ئۇنى رۇسلايمەن دەپ قالسا، ئۇ ھەرگىزمۇ راۋۇرۇس رۇسلانمايدۇ، ئۇ ئادەممۇ ئۇنى ھەرگىز ئۇنداق رۇسلىيالمايدۇ، چۈنكى ئۇ ئايال گەرچە دىندا راۋۇرۇس بولسىمۇ، يەنىلا ئۇنىڭ تەبىئىتىدىكى بەزى تەرەپلىرى رۇسلانمايدۇ، ھەممە ئىشتا يولدىشى خالىغاندەك بولمايدۇ. بەلكى قارشىلىشىش ۋە باشقا يېتەرسىزلىك چوقۇم سادىر بولىدۇ، ئۇنى رۇسلاي دېسەڭ سۇندۇرۇپ قويىسەن، ئۇنىڭ سۇنغىنى تالاق قىلىنغانلىقىدۇر، يەنى، ئەگەر سەن خالىغىنىڭدەك رۇسلىنىشىغا تىرىشساڭ مومكىن بولماي، شۇنىڭ بىلەن زېرىكىپ تالاق قىلىسەن

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY

لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC
E-Da'wah Committee